شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 1 ـ ئاي
27
دۈشەنبە
维吾尔文 1 月27日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65−0002/−W: مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24953 ـ سان بۈگۈن 2 بەت

ئىشەنچنى چىڭىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلايلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

يۇقۇم ــ بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ــ مەسئۇلىيەت.

پەقەت ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ، داۋالاپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللانساقلا، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز.

1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى دېھقانلار كالېندارى بويىچە 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى مەخسۇس ئاڭلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بولۇپمۇ ئاغرىقلارنى داۋالاش خىزمىتىنى قايتا تەتقىق قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، قايتا سەپەرۋەر قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش

ھەممە بىر نىيەتتە خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىش

ــ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭى قىلىش

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

بۇ، تاسادىپىي دۇچ كەلگەن يېڭى خىرىس، تۇيۇقسىز دۇچ كەلگەن يېڭى سىناق ــ دەل يىل ھالقىغان پەيتتە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇستىن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى شىددەتلىك بولدى.

يۇقۇم ــ بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ــ مەسئۇلىيەت.

يۇقۇم تېز يامراۋاتقان ئېغىر ۋەزىيەت ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەر بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىپ، بىرلىشىپ تىزگىنلەپ، ھەممە تەرەپ بايلىق جەھەتتە جىددىي ياردەم بېرىپ، ئالاقىدار تارماقلار پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلاندى، بىر مەيدان پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كەلگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭى باشلاندى.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ھەرىكەتتە ــ

دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى باشلامچىلىق بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە كېسەللىك مەسىلىنى كۈندىلىك دوكلات قىلىش ۋە نۆل دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كەچتە دورا بۇيۇملىرى ئىسكىلات قالدۇقى، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ئېھتىياجلىق ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش ـ تەمىنلەش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى باشلىدى.

پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاكادېمىك جۇڭ نەنشەن گۇرۇپپا باشلىقى بولغان، 14 مۇتەخەسسىستىن تەشكىللەنگەن بىرلىشىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش خىزمەت مېخانىزمى بويىچە ئىلمىي تەتقىق قىلىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىلىق تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تېزلەتتى.

مالىيە مىنىستىرلىقى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ـ تىزگىنلىشى ئۈچۈن 1 مىليارد يۈەن جىددىي ياردەم مەبلىغى چۈشۈرۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنىڭ خىراجەت مەسىلىسى سەۋەبىدىن داۋالىنىشقا تەسىر يەتمەسلىككە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

قاتناش ـ ترانسپورت مىنىستىرلىقى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، جىددىي تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى ھەم دوختۇر، ئاغرىق قاتارلىق خادىملار توشۇلغان ئاپتوموبىللارنىڭ ئۆلكە ئاتلاپ يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللاردا يۈرۈشىگە قارىتا يول يۈرۈش ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى ھەم ئالدىن يول يۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى.

تاموژنا باش مەھكىمىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يۇقۇملۇق كېسەللەرنى كارانتىن قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، تەدبىر قوللىنىپ، ئىمپورت ئىئانە ماددىي ئەشيالىرىنى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتى بېجىرىشكە يېشىل يول ئېچىپ بەردى.

بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش باش ئىدارىسى مال باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىش ۋە ئۇنى ئاشكارىلاشنى تەلەپ قىلدى، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ ھەرقانداق شەكىلدىكى ياۋايى ھايۋانلار سودىسىنى چەكلەش قارارىنى چىقاردى.

……

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت قىلىپ تۇتايلى

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ھاياتلىق تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك.

1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، دېھقانلار كالېندارى بويىچە 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى مەخسۇس ئاڭلىدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بولۇپمۇ ئاغرىقلارنى داۋالاش خىزمىتىگە قارىتا قايتا تەتقىق قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، قايتا سەپەرۋەر قىلدى، بۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلقنىڭ داھىيسى خەلقنى سۆيىدىغانلىقىدەك سەممىي مېھىر ـ مۇھەببىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن سالامەتلىكىگە يۈكسەك مەسئۇل بولۇشتەك مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

يۇقۇم ــ بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ــ مەسئۇلىيەت. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان كېسەللىك مىسالىدىن جەمئىي تۆتى بايقالدى، يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، قانۇن، بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش 1 ـ دەرىجىلىك لايىھەسىنى يولغا قويدى.

ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە ۋەزىيەت كەسكىن، ۋەزىپە مۈشكۈل، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ مەيداندا قاتتىق جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىشى كېرەك. بىز يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايون يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە جىددىي 100 مىليون يۈەن ئاجراتتى

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھەققىي ياخشى ئىشلەش، ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش سەۋىيەسى ۋە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، يۇقۇمنىڭ تارقىلىشى، يامرىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ئۈچۈن، 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەتنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ئاپتونوم رايون مالىيەسى يىل بېشىدىكى خامچوتتىن 29 مىليون 110 مىڭ يۈەن ئاممىۋى سەھىيە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسىدا، 100 مىليون يۈەن خامچوت مەبلىغىنى جىددىي كۆپەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە مەخسۇس ئىشلەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون شۇ دەرىجىلىككە 30 مىليون يۈەن، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ھەربىرىگە 5 مىليون يۈەندىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون ھەم ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ئالاقىدار خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەم زىچ توپلىشىدىغان سورۇنلار بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈردى

1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، مۇخبىرلار ئۈرۈمچى شەھىرى، كورلا شەھىرى، غۇلجا شەھىرىدىكى قىسمەن چوڭ تىپتىكى سودا سارايى، تاللا بازىرى، مېھمانساراي ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى قاتارلىق ئادەم بىرقەدەر زىچ توپلىشىدىغان ئاممىۋى سورۇنلارنى زىيارەت قىلدى، بۇ سورۇنلار بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈرگەن بولۇپ، ھەممىسىدە ھاۋا ئالماشتۇرۇش، دېزىنفېكسىيە قىلىش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش قاتارلىق زۆرۈر تەدبىرلەر قوللىنىلغان.

1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سائەت 13تە، مۇخبىر ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق شىمالىي يولى 548 ـ نومۇرغا جايلاشقان دوستلۇق مېھمانسارىيىغا كەلدى. مېھمانسارايى زالىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا، ئايرىش كىيىمى كىيگەن ھەم كۆز ئاسراش ئەينىكى تاقىغان ئىككى خىزمەتچى خادىم ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش ئەسۋابى بىلەن مېھمانسارايغا كىرگەن مېھمانلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەۋاتاتتى.

دوستلۇق مېھمانسارىيىنىڭ باش دىرېكتورى لى دېفېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن باشلاپ، مېھمانسارىيىمىزدا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى باشلاپ، زالنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالامەتلىرى، ئالاھىدىلىكى ھەم رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ داۋالايدىغان دوختۇرخانىلارنىڭ ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ چاپلىدۇق؛ باش مۇلازىمەت سۇپىسى ھەم ياتاقلارغا ئىللىق ئەسكەرتمە كارتىسى قويدۇق؛ رادىيودا ئاڭلىتىش شەكلى ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدۇق، چۈشەندۈردۇق. خىزمەتچى خادىملار چاغان كېلىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن چاغانلىق تاماق زاكاز قىلىپ بولغان مېھمانلارغا تېلېفون قىلىپ، يىغىلىشنى ئىمكانقەدەر ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى بەردى ھەم ھەق قايتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. مېھمانسارايىنىڭ ئاممىۋى رايونىنى ھەر تۆت سائەتتە بىر قېتىم دېزىنفېكسىيە قىلدۇق، مېھمانسارايىنىڭ ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىغا كىرگەن بارلىق ئاپتوموبىللارنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى دېزىنفېكسىيە قىلدۇق؛

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ سايباغ رايونى «1 ـ ئاۋغۇست» تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى قومۇل غەربىي يولى مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ئۆز تەۋەلىكىدە دېزىنفېكسىيە قىلىپ باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

بۇ خىزمەت ئەترىتى تەۋەلىكتىكى ھەرقايسى بىنالارغا بىردەك تەشۋىقات ئېلانلىرىنى چاپلىدى ھەم ئاھالىلەرگە ئەڭ يېڭى يۇقۇم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى ۋە ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى ئاسراشنى كۈچەيتتى. □ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىلمىي تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

چېن چۈەنگو يىغىندا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئەھۋالىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىندا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ باشتىن ـ ئاخىر يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، كۆپ قېتىم دوكلات ئاڭلاپ، كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بەردى. دېھقانلار كالېندارى بويىچە 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى مەخسۇس ئاڭلىدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بولۇپمۇ ئاغرىقلارنى داۋالاش خىزمىتىنى قايتا تەتقىق قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، قايتا سەپەرۋەر قىلدى، بۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلقنىڭ داھىيسى خەلقنى سۆيىدىغانلىقىدەك سەممىي مېھىر ـ مۇھەببىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇشتەك مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ، بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى تارماقلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشى كېرەك.

بىرىنچى، تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دەل جايىدا ئىلمىي تەدبىر قوللىنىپ، قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ چىڭ ساقلاپ، پۇختا ئالدىنى ئېلىپ، تىزگىنلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش كېرەك. قانۇن بويىچە ئىلمىي، تەرتىپلىك ئالدىنى ئېلىپ، تىزگىنلەپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلار، ئورۇنلارنى چىڭ تۇتۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى ھەققىي كۈچەيتىپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئادەملەرنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش، تارقاقلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭغا كەلگەنلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتىپ، يۆتكىلىپ يۈرىدىغان ئادەملەرگە قارىتا يۇقۇمنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق مەيدان ـ سورۇنلار، ھەم ئېتىك قاتناش قوراللىرى قاتارلىقلارغا قارىتا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ۋە سەھىيە ئىلمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، گۇمانىي كېسەللىك مىسالى ۋە يېقىندىن ئۇچراشقانلارنى تېببىي تەلەپ بويىچە ئايرىۋېتىش، تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىشى، كېڭىيىشىدىن قاتتىق مۇداپىئەلىنىش كېرەك.

ئۈچىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلمىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش كېرەك. ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش قوشۇنىنى تولۇقلاپ، دىياگنوز قويۇش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇملانغان ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئېغىر كېسەللىك مىساللىرىنى ئۇنىۋېرسال كۈچى كۈچلۈك بولغان بېكىتىلگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ قۇتقۇزۇپ، داۋالاپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىراجىتى كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، ئاغرىقلارنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاساسىي قاتلامدىكى تېببىي خادىملارنى كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، مۇداپىئە ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلەش، مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى ئىشلەپ، كەڭ داۋالاش ـ سەھىيە خادىملىرىغا ھەققىي غەمخورلۇق قىلىش ۋە ئۇلارنى ياخشى قوغداش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)